چىڭغىز ئايتماتوف

# ئاق پاراخوت



مىللەتلەر نەشرىياتى

15
1247.5
162=2

چىڭغىز ئايتماتوق

# ئاق پاراخوت



مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

白轮船：维吾尔文/钦吉斯·艾提马托夫著. -2版.
-北京：民族出版社，1999.1
ISBN 7-105-03313-4

Ⅰ.白… Ⅱ.钦… Ⅲ长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（98）第34411号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013 电话010-64228007)
迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
1981年3月第1版 1999年3月北京第2次印刷
开本：850×1168毫米 1/32 印张：7.125
印数：5,300 —9,300册 定价：8.00元

本书根据人民文学出版社 1979 年 2 月第一版湖北第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1979-يىل 2-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى خۇبېي 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **خوجا ئابدۇللا ئوسمان**

مەسئۇل كوررېكتورى: **نۇربىيە ئەزىز**

چىڭغىز ئايتماتوۋ (قىرغىزىستان)

# ئاق پاراخوت

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **دىلبەر ياقۇپ، ئەزىزجان مەخسۇت، ئىسمائىل ئىبراھىم**

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 010—64228007)

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى

1981-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1999-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى

**باھاسى:** 8.00 **يۈەن** **تىرازى:** 5300—9300

## (1)

ئۇنىڭ ئىككى ھىكايىسى بار. بىرسى ئۆزىنىڭكى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ھىچكىم بىلمەيدۇ. يەنە بىرسى بوۋىسى سوزلەپ بەرگەن ھىكايە. كېيىن، بۇ ئىككى ھىكايە ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. نىمە ئۈچۈن؟ بىزنىڭ سوزلەيدىغىنىمىزمۇ دەل مۇشۇ.

بۇ بالا بۇ يىل 7 ياشقا كىردى، قوساق يېشى بويىچە ھىساپلىغاندا 8 ياشقا كىردى.

دەسلەپتە، بىر سومكا سېتىۋالدى. بۇ بېغىنىڭ ئاستىدا پاقىراپ تۇرىدىغان مىتال قۇلۇپى بار، سۇنئى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن سومكا ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك لېكىن يەنە مەكتەپكە بارغاندا ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئاددى سومكا ئىدى. ۋەقەنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

بۇ سومكىنى بوۋىسى ئۇنىڭغا كوچمە دۇكاندىن ئېلىپ بەرگەن. كوچمە دۇكان چارۋىچىلار ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنى ئېلىپ، تاغلىق رايوندا ئارىلاپ يۇرىدۇ، بەزىدە سان-تاش جىلغىسىدىكى ئورمان قاراۋۇلخانىسىغىمۇ مال ساتقىلى كېلىدۇ.

كېيىش مەنئى قىلىنغان تاغلىق رايون ئورمانلىغى بۇ يەردىكى ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىن تارتىپ تار جىلغا ۋە يانباغىرلارنى بويلاپ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

يۇقۇرىغىچە سوزۇلىدۇ. ئورمان قاراۋۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جايدا ھەممىسى بولۇپ 3 ئۆيلۈك كىشى بار. شۇنداق بولسىمۇ، كوچىمە دۇكان گايى-گايىدا ئورمان قاراۋۇللىرىنى يوقلاپ كېلىپ قالىدۇ.

ئۈچ ئۆيلۈك كىشى ئارىسىدىكى بۇ بىردىن-بىر ئوغۇل بالا ھەمىشە كوچىمە دۇكاننى بىرىنچى بولۇپ بايقايدۇ.

"كەلدى!—ئۇ ۋاقىرىغىنىچە ھەربىر ئۆيلۈكنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرىگە قاراپ يۈگۈرەيدۇ،—ماشىنا دۇكان كەلدى."

ماشىنا چاقلىرىنىڭ بېسىشىدىن ھاسىل بولغان يول تار جىلغا، دەريا ياقىسىنى بويلاپ، تاش پارچىلىرى، ئازگاللاردىن ئۆتۈپ، ئىسسىق كول بويىدىن بۇ يەرگىچە سوزۇلغان. ماشىنىنى بۇ يولدا ھەيدەپ مېڭىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. قاراۋۇل تېغىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كوچىمە دۇكان جىلغا-جىرالارنىڭ ئاستىدىن يانتۇلۇققا چىقىپ، ئۇ يەردىن ھەم تىك ھەم سىلىق يانتۇلۇقنى بويلاپ، ئورمان قاراۋۇللىرىنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىدۇ. قاراۋۇل تېغى يېقىنلا يەردە. ياز كۈنلىرى، بۇ ئوغۇل بالا كۈندە دىگۈدەك تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن كولگە قارايدۇ. تاغ ئۈستىدە تۇرسا، يولدىكى ھەممە نەرسە—پىيادىلەرمۇ، ئاتلىقلارمۇ ئوپ-ئوچۇق كورۇنىدۇ، ماشىنىمۇ كورۇنىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ قېتىم (تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بولغان ئىش) بالا كولچەكتە يۇيۇنۇۋېتىپ، ماشىنىنىڭ توپا توزىتىپ يانتۇلۇقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. كولچەك دەريا بويىدىكى سايلىقتا بولۇپ، بالىنىڭ بوۋىسى ئۇنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ ياساپ بەرگەن. بۇ كولچەك بولمىغان بولسا، كىم بىلىدۇ، بۇ بالا ئاللىبۇرۇنلا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولاتتى. موما-سىنىڭ ئېيتقىنىدەك، دەريا سۈيى ئاللىبۇرۇن ئۇنى ئېقىتىپ ئىسسىق

كولـگه ئېلىپ بارغان، ئۇ بولـسا كولـدىكى بېلىقـلارغا ۋە تۈرلۈك سۇ ئۇسۇملۇكلىرىگە ھەمرا بولغان بولاتتى. بەلكى ھېچكىممۇ ئۇنى ئىزلىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەسرەت چەكمەيتتى، چۈنكى ھېچكىمـنىڭمۇ سۇغا شۇڭغۇپ چۇشۇپ، ھېچكىشىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىغان بىر بالىنى تېپىپ چىقىشى ھاجەتسىز ئىدى. بۇنـداق ئىش ھازىـرچە تېخى بولـمىدى، لېكىن بۇ ئىش ھەقىقەتەن بولىدىغان بولسا، كىم بىلىدۇ، مومىسى راستىلا ئۇنى قۇتقۇزماي قاراپ تۇرامدۇ تېخى. بالا ئۇنىڭ ئوز نەۋرىسى بولغان بولسـىدى، ئەلۋەتـتە ئىش باشقىچە بولغان بولاتـتى، لېـكىن دەل مومايـىنىڭ ئېيتقىنىـدەك، بالا يات بالا ئىدى. ئۇنى قاچانغىچە باققىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۇرگىنى بىلەن، يات دىگەن ھامىنى يات. يات ئادەم......
ئەگەر ئۇ يات ئادەم بولۇشنى خالىمىـسا، ئۇ چاغدا قانـداق بولىدۇ؟ نىمە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەتەي يات ئادەم دەپ قارىلىشى كېرەك ئىكەن؟ بەلـكىم، يات ئادەم ئۇ ئەمەس، بەلكى دەل مومىسىنىڭ ئۆزىدۇ!

لېكىن بۇ مەسىلە ئۇستىدە كېيىن توختىلىمەن، يەنە بوۋىسىنىڭ كولچىگى ئۇستىدىمۇ كېيىن توختىلىمەن......

شۇنداق قىلىپ، شۇ چاغدا ئۇ تاغدىن چۇشۇپ يولنى بويلاپ توپا توزىتىپ كېلىۋاتقان ماشىنا دۇكاننى يىراقتىن كوردى. بۇ دورەم بوۋىسىنىڭ چوقۇم ئۇزىگە بىر سومكا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ قەلبى شاتلىققا تولدى. ئۇ دەرھال سۇدىن چىقىپ، ئىنچىكە پاچاقلىرىنى ئۇزىتىپ، تېزلىك بىلەن ئىشتىنىنى كىيدى، بەدەنلىرى ھول بولغاچقا، توڭلاپ كوكىرىپ كەتكەن ئىدى (چۈنكى دەريانىڭ سۇيى مۇزدەك ئىدى)، ئۇ كوپچىلىككە دۇكاننىڭ كەلگەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ خەۋەر قىلىش ئۇچۇن، چىغىر يولنى بويـلاپ ھويلىـغا قاراپ

چاپتى.

بالا ئۇچقانـدەك يۇگۇرەيـتتى، ئۇششـاق چاتقالـلاردىن ئاتـلاپ ئۆتەتتى، يولنى قورام تاشلار توسقاندا، سەكرەپ ئۆتەلمىسە، ئايلـىنىپ ئۆتەتتى. مەيلى چاتقاللاردىن ياكى قورام تاشلار يېنىدىن ئۆتـكەندە بولسۇن، ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىغى، ھەتـتا پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىۋېتىدىغانلىغىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ بىر سېكۇنتنىمۇ زايا قىلماي يۇگۇرەيـتتى. "ماشـىنا دۇكان كەلـدى. مەن سەل تۇرۇپ كېلىـمەن،"ــ ئۇ يۇگۇرۇپ كېتىۋېـتىپ، يولدىكى "ياتقان توگە"(ئۇ يېرىمى توپىغا كومۇلۇپ قالـغان دۇمـچەك بىر گىل رەڭ گىرانـىت تاشنى شۇنـداق دەپ ئاتايتـتى)گە قاراپ ۋاقىرايـتتى. ئادەتـتىكى كۇنـلەردە بالا بۇ يەردىن ئوتكەندە ھەمىشە "توگە" نىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى. ھامان خوجايىن قىياپىتىدە، بوۋىسى ئۇزىنىڭ كالتە قۇيرۇقلۇق ئاختا ئېتىنى ئۇرۇپ قويغانـدەك، ئۇنى ئۇرۇپ قوياتتىـ دە، پەرۋاسىزلىق بىلەن: مۇشۇ يەردە ساقـلاپ تۇر، مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، دەيتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر "ئىگەر" تېشى (ئۇستىدە يېرىم ئاق، يېرىم قارا چېكىتلەر بولغان، ئوتتۇرىسى ئويمان تاش) بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرسا بەئەينى ئاتقا مىنگەنگە ئوخشايتتى. يەنە بىر "بورە" تاش (ئاقۇش قوڭۇر رەڭـلىك كەلگەن، توم بويۇن، قوپال ماڭلايلىق، تۇرقى بورىگە بەكمۇ ئوخشايدىغان تاش) بار ئىدى. ئۇ دائىـم ئاستا ئومىلەپ ئۇنىڭغا يېقىنلىـشىپ، ئۇنى تۇتۇۋالـماقچى بولاتـتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەممىـدىن بەك ياقـتۇرىدىغىنى "تانكا" (دەريا سۇيى يالاپ تۇرىدىغان، دەريا قىرغىغىدا قەد كوتىرىپ تۇرغان چوڭ تاش) ئىـدى. قاراپ تۇرۇڭـلار، "تانكا" قىرغاقـتىن ئوقتەك چۇشۇشى بىلەنلا، ئورىكەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇيىدىن بوزغۇنلار

چاچرايدۇ. كىنولاردا تانكا مانا مۇشۇنداق ھەركەت قىلىدۇ: قىرغاقتىن سۇغا ئۇقتەك چۇشىدۇ-دە، مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كورگەن كىنولىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا كورگەن نەرسىلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايتتى. بوۋىسى گايىدا ئۇنى تاغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سوۋخۇزغا تەۋە نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنىڭ كىنوخانىسىغا كىنو كورگىلى ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، "تانكا"نىڭ قىرغاقتا دەريادىن ئوتۇشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە قالغان ئىدى. يەنە باشقا تاشلار — مەسىلەن، "زىيانلىق" ياكى "ئاقكوڭۇل" تاشلار، ھەتتا "ھىلىگەر" ۋە "كالىۋا" تاشلارمۇ بار ئىدى.

ئۇسۇملۇكلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا "سۇيۇملۇك"، "باتۇر"، "قورقۇنچاق"، "ياۋۇز" ۋە باشقا خىلمۇ-خىل ئۇسۇملۇكلەر بار. مەسىلەن، خوخا تىكەن ئاساسلىق دۇشمەن. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ھامان خوخىنى نەچچە ئون قېتىم قىرىپ تاشلايتتى. لېكىن بۇنداق جەڭنىڭ ئايىغى ئۇزۇلمەيتتى، — خوخا بولسا ھە دەپ ئوسۇپ، ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتەتتى. يەنە ئىدىرلاردا ھەشقىپىچەك بار، گەرچە ئۇلارمۇ ياۋا ئوسۇملۇك بولسىمۇ، لېكىن ھەشقىپىچەك ئەڭ ئەقىللىق ۋە خۇشخۇي گۇل. ھەر كۇنى ئەتىگەندە، ئۇلار ھەممىدىن بەكرەك زوق بىلەن قۇياشنى كۇتۇۋالىدۇ. باشقا ئوت-چوپلەر ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ: ئەتىگەن بولامدۇ، كەچ بولامدۇ، ئۇلار ئۇچۇن بەرىبىر. ھەشقىپىچەك بولسا ئازراق ئاپتاپنى كورسىلا كوزىنى ئېچىپ كولۇمسىرەيدۇ. دەسلەپ بىر كوزىنى، ئارقىدىن ئىككىنچى كوزىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر بىرىگە ئۇلىشىپ گۇل بەرگىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىلىدۇ. ئاق، ھاۋارەڭ، ئاچ سوسۇن...... ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرساڭ، ئۇلارنى گويا ئويغانغاندىن كېيىن

شۇبىرلىشىۋاتقانىدەك ھىس قىلىنسەن. ئۇششاق چۇمۇلىلەرمۇ بۇنى بىلىدۇ. ئەتىگەندىلا ئۇلار ھەشقىپىچەكنىڭ ئۇستىدە چىپپىپ يۇرۇشىدۇ، قۇياش نۇرىدا كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، گۇللەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. چۇشىنى ئېيتىپ بىرىۋاتقاندۇ، بەلكىم!

كۇندۇزى، ئادەتتە چۇش ۋاقىتلىرى، ئۇ بالا كوپ غوللۇق شىرال دەرىخى ئوسىدىغان ئورمانلىقنىڭ كىرىشىنى ياخشى كورەتتى. شىرال دەرىخى يوغان ھەم ئىگىز ئوسىدۇ، چېچەكلىمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن گوپۇلدەپ خۇشپۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخلەر باشقا ئوسۇملۇك-لەرنى ئوزىگە يېقىن يولاتمايدۇ، توپ-توپ ئوسىدىغان بولغاچقا، بەئەينى كىچىك ئارالغا ئوخشايدۇ. شىرال دەرىخى سادىق دوست. ئەگەر سەن بىرەرسىدىن ئازار يەپ، راسا يىغلاپ قوسىغىڭنى بوشى-تىۋالماقچى بولساڭ ھەم باشقىلارنى كورۇپ قالمىسۇن دىسەڭ، بۇ دەرەخلىقىقە كىرسەڭ بولىدۇ. شىرال ئورمانلىقىدىن قارىغايلىقنىڭ-كىدەك پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. ئورمانلىقنىڭ ئىچى ھەم دىمىق، ھەم جىمجىت. لېكىن مۇھىمى، دەرەخلەر ئاسماننى توسۇۋالمايدۇ. ئۇڭداڭغا يېتىپ، كوك ئاسمانغا قانغىچە قارىيالايسەن. دەسلەپتە كوز ياشلىرىڭ توسۇۋېلىپ ھېچنىمىنى پەرق ئېتەلمەيسەن. بىر پەستىن كېيىن، بۇلۇتلار ئۇزۇپ كېلىپ، تەسەۋۋۇرۇڭدىكى ھەممە نەرسىنى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇلۇت بىرام بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىدۇ، سېنىڭ بارلىق كىشلەرنى چوچۇتكەن ھالدا: بالا يۇتۇپ كەتتى، ئۇنى نەدىنمۇ تاپارمىز، دىگۇزۇپ، ھېچكىم تاپالمايدىغان يىراق جايلارغا كەتكۇڭ كېلىدۇ..... بۇنداق ئىشلارنىڭ سادىر بولماسلىقى، سېنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلماي، تىچىقىنا يېتىپ بولۇتلارنىڭ ئوزگىرىشىنى تاماشا قىلى-شىڭ ئۇچۇن، بولۇتلار سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭ بويىچە خىلمۇ-خىل

ئاجايىپ كورۇنۇشلەرنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق سىنى بەزلەيدۇ. ئوپمۇ-ئوخشاش كورۇنىدىغان بولۇتلاردىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ-خىل قىياپەتلەرنى كورەلەيسەن. بولۇتلارنىڭ نىملەرنى شەكىللەندۇرۇۋاتقانلىقىغا پۇتۇن دىققىتىڭ بىلەن قاراپ تۇرىسەن.

شىرال ئورمانلىقى جىمجىت. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەرەخلەر ئاسماننى توسۇۋالمايدۇ. بۇ ئورمانلىقتىن ئىسسىق قارىغايلىق ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ......

ئۇ يەنە ئوت-چوپكە دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ. ئۇ سايدىكى ئوتلۇقتا ئوسكەن، كومۇشتەك پاقىراپ تۇرىدىغان چىغلارغا ئازار بەرمەيدۇ. بۇ چىغلارنىڭ باشلىرى يىپنىك، ئوزىمۇ غەلىتىلا. ئۇلارنىڭ يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق چېچەكلىرى شامالسىز ياشىيالمايدۇ. ئۇلار دائىم شامالنى كۇتۇپ تۇرىدۇ: شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، ئۇلار شۇ تەرەپكە ئىگىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇيرۇققا بوي سۇنغاندەك، ھەممىسى بىرلىكتە ئىگىلىدۇ. قارا يامغۇر ياغىدىغان بولسا، ئۇلار يوشۇرۇنىدىغان جاي تاپالماي، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىغاڭلىشىپ، يىقىلىشىپ، يەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتى بولىدىغان بولسا، تىكىۋەتكەن بولار ئىدى، بەلكىم......لېكىن ئۇلار خۇپسەنلىك قىلىدۇ. يامغۇر توختىشى بىلەنلا، شاللاق چىغلار يەنە قايتىدىن شامالدا ئىغاڭلاشقا باشلايدۇ—شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، شۇ تەرەپكە ئىگىلىدۇ......

بالىنىڭ ھەمراسى يوق، ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە مۇشۇ ساددا تەبىي مۇھىتتا ياشايدۇ. كوچمە دۇكاننى كورگەندىلا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇيدۇ، ھېچنەرسىگە قارىماي ئۇنىڭغا قاراپ چاپىدۇ. بۇ كوچمە دۇكانغا گەپ سىغامدۇ، بۇ قانداقتۇ تاش، ئوت-چوپ ئەمەستە، بۇ كوچمە دۇكاندا نىملەر يوق دەيسىز!



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

بالا يۇگۈرۈپ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا، كوچمە دۇكان ئۆيىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىرگەن ئىدى. ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىكى ئۆيلەر دەرياغا قاراپ تۇراتتى، ئالدى تەرەپ ئۇدۇل دەريا قىرغىقىغا تۇتىشىدىغان ۋە سەل يانتۇلىشىپ بارىدىغان پەس يولغا ئايلانغان، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولسا، دەريا سۈيى يالاپ تۇرىدىغان تىك قىرغاقتىن تارتىپ تاغ-ئېدىرلارنى قاپلىغان ئورمان لوڭقىدە چوقچىيىپ تۇراتتى، شۇڭا، ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا بارىدىغان يول پەقەت بىرلا—ئۆينىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ كېلىش كېرەك. بالا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ خەۋەر قىلمىغان بولسا، كوچمە دۇكاننىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بۇ چاغدا، ئەر كىشىلەر ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇلار سەھەردىلا ئۆز ئىشلىرىغا كەتكەن. ئاياللارلا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. بالا ھەر بىر ئۆيلۈكنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ:

—كەلدى! كەلدى! كوچمە دۇكان كەلدى!—دەپ چۇقىرىدى.

ئاياللار قوزغىلىپ كېتىشتى، تىقىپ قويغان پۇللىرىنى ئىزلەپ تېپىشىپ، بىر بىرىدىن قېلىشماي ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ھەتتا مومىسىمۇ بالىنى:

—قاراڭلار، ئۇنىڭ كوزى نىمدىگەن ئۆتكۈر! —دەپ ماختاپ قويىدى.

بالا كوچمە دۇكاننى خۇددى ئۆزى ئېلىپ كەلگەندەك بەك خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلارغا بۇ خوش خەۋەرنى يەتكۈزەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى، شۇنداقلا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھويلىغا قاراپ يۈگۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە يوپۇقلۇق يۈك ماشىنىسىنىڭ ئېچقلىق ئىشىگى ئالدىدا قىستىشىپ تۇرغانلىغى ئۈچۈنمۇ

ئوزىنى بەختلىك ھىس قىلدى. لېكىن دۇكاننىڭ ئىشىگى ئالدىغا بېرىپلا، ئاياللار ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇلار ئۇنى ئەسلەپ نىمە قىلىدۇ، ياغزىمۇ-ياغزا ماللار ئۇلارنىڭ كوزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى-دە. ئاياللار ھەممىسى بولۇپ 3 كىشى يەنى بالىنىڭ مومىسى، بېكەي ھاماچىسى (بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاچىسى، ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخس بولغان ئورمان نازارەتچىسى ئاروزقۇلىنىڭ ئايىلى) ۋە ياردەمچى ئىشچى سېيىدەخمەتنىڭ ئايىلى گۇلجامال ئىسىملىك چوكان (ئۇ كىچىك قىزىنى كوتىرىۋالغان) ئىدى. بارى-يوقى مۇشۇ 3 ئايال ئىدى. لېكىن ئۇلار ئالدىرىشىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى ئۇ يان-بۇ يان ئورۇپ، ئالدى-كەينىگە قاراپ شۇنچىلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدىكى، مال ساتقۇچى ئۇلاردىن تەرتىپ بويىچە بىر-بىرلەپ كېلىشنى، تەڭلا چۇرۇلداشماي بىر-بىردىن سوزلەشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

لېكىن مال ساتقۇچىنىڭ سوزى ئاياللارغا كار قىلمىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھەممە نەرسىنى قۇچاقلاپ ئالدىغا تارتىشتى، ئارقىدىن تاللاشقا كىرىشتى، ئاخىردا تاللىۋالغان نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار تاللىۋالغان نەرسىلىرىنى بىر چەتكە قويۇپ، كىيىپ بېقىشاتتى، تالىشاتتى، گۇمان قىلىشاتتى. ئۇلار ئوخشاشلا بىر ئىشنى نەچچە ئون قېتىملاپ ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ سورىشاتتى. بۇنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنى قىممەت كورەتتى، يەنە بىرسىنىڭ بولسا رەڭگىنى ياراتمايتتى...... ئوغۇل بالا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، زېرىكىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ دەسلەپتە مەلۇم ئالاھىدە شەيئىنى كورۇشكە ئىنتىزار بولغان قىزىقىشى يوقالدى، ئۇنىڭ كوچمە دۇكاننى كورگەندە پەيدا بولغان خوشاللىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە، كوچىنى دۇكان تويۇقسىزلا تۇرلۇك ئەسكى-تۇسكىلەر بىلەن تولغان ئاددى ماشىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

مال ساتقۇچىنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى: بۇ خوتۇنلار ھېچنەرسە ئالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ نىمشقىمۇ تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيتتى؟ ئويلىغانىدەك، خوتۇنلارنىڭ كوڭلى سوۋۇشقا باشلىدى، ھەتتا زېرىكىپ قېلىشتى. ئۇلار ھەم ئوزئارا چۇشەندۇرۇشۇۋاتقانىدەك، ھەم مال ساتقۇچىغا ئېيتىۋاتقانىدەك قىلىپ، ئوزلىرىنى ئاقلىغىلى تۇردى. موماي بىرىنچى بولۇپ پۇلى يوقلۇغىدىن زارلاندى. پۇلۇڭ بولمىغاندىن كېيىن، مال ئالالمايسەن-دە. بېكەي ھامماچا ئېرىنىڭ رۇخستىسىز چوڭراق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ دۇنيادىكى بارلىق ئاياللار ئىچىدە ئەڭ بەختسىز ئايال ئىدى، ئۇنىڭ بالىسى بولمىغانلىغى ئۇچۇن، ئاروزقۇل ھاراق ئىچىپ مەس بولغاندا دائىم ئۇنى ئۇراتتى، بوۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق ئازاپلىناتتى: بېكەي نىمىلا دىگەن بىلەن ئۇنىڭ قىزى-دە. بۇ دورەم، بېكەي ئۇششاق-چۇششەك نەرسە ۋە 2 شىشە ۋوتكا سېتىۋالدى. بۇ بىكاردىن-بىكار پۇل بۇزغانلىق، بۇ بالايى-ئاپەتلا ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس. موماي تاقەت قىلالمىدى.

— نىمىشقا ئوزەڭگە ئوزەڭ بالا تاپماقچى بولىسەن؟ — مال ساتقۇچى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى ئۇ.

— ئوزەممۇ بىلىمەن —، بېكەي قىسقىلا سوز بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بولۇۋەتتى.

— ھەي قاپاقۋاش! — موماي ئىچى قارىلىق قىلىپ ئاستا غودۇڭ-شۇپ قويدى، مال ساتقۇچى بولمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇنلا بېكەيگە

تەنبھ بەرگەن بولاتتى. ئۇلار تىللىشىپمۇ قالغان ئىدى تېخى.....

گۈلجامال ئىسمىلىك چوكان پۇلىنى ياندۇرۇۋالدى. ئۇ مال ساتقۇ-چىغا ئېرىنىڭ يېقىن ئارىدا شەھەرگە كىرىدىغانلىقىنى، شەھەردە پۇل لازىم بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا پۇلنى خەجلىۋەتسە بولمايدىغان-لىقىنى ئېيتقىلى تۇردى.

شۇ تەرىقىدە، ئۇلار كوچىمە دۇكاننىڭ يېنىدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، مال ساتقۇچىنىڭ دېگىنىدەك: "بىر ياماقلىق" مال ئېلىشىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. ھەي! مۇشۇمۇ تىجارەت بولدىمۇ؟ مال ساتقۇچى كېتىۋاتقان خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرنى تۈكۈردى-دە، ئۇلار قالايمىقان قىلىۋەتكەن نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە قاراپ ماڭدى. مۇشۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كۆزى بالىغا چۈشتى.

— نېمە قىلىپ تۇرىسەن، سالپاڭ قۇلاق؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىدىن. بالىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگايغان، بويىنى ئىنچىكە، بېشى يوغان ئىدى، — بىرەر نەرسە ئالاي دەمسەن؟ ئالىدىغان بولساڭ تېزرەك بول، بولمىسا دۇكاننى تاقىۋېتىمەن. پۇلۇڭ بارمۇ؟

مال ساتقۇچى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ مۇنداقلا سوراپ قويغان ئىدى، لېكىن بالا ئەدەپ بىلەن:

— يوق، ئاكا، پۇلۇم يوق، — دەپ بېشىنى چايقىدى.

— مېنىڭچە، سېنىڭ پۇلۇڭ بار، — دېدى مال ساتقۇچى يالغاندىن ئىشەنمىگەندەك بولۇۋېلىپ، ئاۋازىنى سوزۇپ، — بىلىپ قوي، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى باي، لېكىن ئەتەي كەمبەغەل قىياپەتتە كىرىۋالىسىلەر..... يانچۇغۇڭدىكى نېمە، پۇل ئەمەسمۇ؟

— پۇل ئەمەس، ئاكا — ، دېدى ھالا بايىقىدەكلا سەمىمى، ئەستايىد-

دىل قىياپەتتە، ئۇ يەنە توشۇك يانچۇغىنى ئۇرۇپ كورسەتتى (يەنە بىر يانچۇغى تىكىۋېتىلگەن ئىدى).

— ئۇنداقتا پۇلۇڭ چۈشۈپ قاپتۇ-دە. يۇگۇرۇپ كەلگەن يولۇڭغا بېرىپ ئىزلەپ باق. تېپىلىدۇ.

ئۇلار بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى.

— سەن، كىمنىڭ بالىسى؟ — مال ساتقۇچى يەنە سورىغىلى تۇردى، — مومىن بوۋاينىڭ، شۇنداقمۇ؟

بالا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ نەۋرىسىمۇ دەيمەن؟

— ھەئە، — دەپ يەنە بېشىنى لىڭشىتتى بالا.

— ئاپاڭ قەيەردە؟

بالا ئۈنچىقمىدى. ئۇ بۇ ھەقتە سوزلەشنى خالىمايتتى.

— ئۇ سىلەر بىلەن پەقەت ئالاقە قىلمامدۇ؟ ئاپاڭنى بىلمەيسەن، راستمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— داداڭنىچۇ؟ ئۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

بالا زۇۋان سۈرمىدى.

— بۇ قانداق بولغىنى، ئاغىنە، ھېچنىمىنى بىلمەيدىكەنسەنغۇ، — دەپ مال ساتقۇچى چاقچاق قىلىپ ئەيىپلىدى، — راستىنلا شۇنداق بولسا مەيلى. مە، ئالە! — ئۇ بىر چاكىنال كەمپىتنى بالىغا ئۇزاتتىدە، — خوش، كەتتىم، — دىدى.

بالا ئىزا تارتىپ قالدى.

— ئالە، ئال. ۋاقتىمغا كاشىلا قىلما. مەن كەتمىسەم بولمايدۇ.

بالا كەمپىتنى يانچۇغىغا سېلىپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۇگۇرۇپ،

ئۇنى يولغىچە ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇ تەپسە تەۋرىمەيدىغان هورۇن پاخماق ئىت ــ بالتىكنى چاقىردى. ئاروزقۇل بۇ ئىتنى ئولتۇرۇۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىپ تۇراتتى: ئۇ، بۇ ئىتنىڭ نىمىگە كېرىگى بار؟ دەيتتى. لېكىن بالىنىڭ بوۋىسى ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنەتتى، بوۋاي قورۇقچى ئىتتىن بىرەرسىنى تاپقاندىن كېيىن بالتىكنى باشقا جايغا ئاپىرىۋەتمەكچى ئىدى. بالتىكنىڭ ھېچنەرسە بىلەن كارى يوق ئىدى، قوسىغى تويسىلا ئۇخلايتتى، قوسىغى ئاچسا بىرەر نەرسە بېرەرمىكىن دەپ، كىشىلەرگە كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قارايتتى، ئوز ئادەم بولامدۇ ياكى يات ئادەم بولامدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە تاشلاپ بەرسىلا بولاتتى. بالتىك مانا مۇشۇنداق بىر ئەركەك ئىت ئىدى. لېكىن بەزىدە ئۇمۇ بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چاپاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئانچە ئۇزۇن يۈگۈرمەيتتى، بىرلا قوغلىۋەتسە، ئۇ قورقۇپ ئارقىسىغا بەدەر قاچاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر لاما ئىت ئىدى. لېكىن نىملا بولمىسۇن، ئىت بىلەن بىللە يۈگۈرۈش يالغۇز يۈگۈرگەندىن مىڭ ياخشى ئىدى. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ بەرىبىر بىر ئىتتە.....

بالا مال ساتقۇچىغا بىلىندۇرمەي، بالتىكقا ئاستىلا بىر تال كەمپىت تاشلاپ بەردى. "قۇلاق سال، ــ دىدى ئۇ ئىتقا، ــ بىزگە خېلى ئۇزۇن يۈگۈرەشكە توغرا كېلىدۇ." بالتىك يەنە كەمپىت بېرەرمىكىن دەپ ئاستا غىڭشىپ، قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ قويىدى. لېكىن بالا ئۇنىڭغا كەمپىت بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى: بۇنداق قىلسا باشقىلار-نىڭ ئاچچىغى كەلمەمدۇ، كەمپىتنى ئىتقا تاشلاپ بەرسۇن دەپ بەرمىگەن تۇرسا.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com